# 400 مىڭ مو جىغان ئۈچ يىل ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدا «كىرىپ ئۆرۈنلىشىپ» نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا كۈچ قوشىدۇ

(بېشى 1 - بەتتە)

«يەنە بەش يىلدىن كېيىن، دەرەختە سايسېرىق مېۋىلەر چۈشىدۇ!» تۇرغۇن ئۈچتۇرپان ناھىيە بازىرىدا تۇغۇلغان، يېرىم ئۆمرى ئورمانچىلىق خىزمىتى بىلەن ئۆتكەن، ئۇنىڭ چىرايىدىن تولۇپ تاشقان ئىشەنچ چىقىپ تۇراتتى.

ئۈچتۇرپان ناھىيەسىدە تاغلىق يەر كۆلىمى ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 59.9%ىنى، چۆللۈك 27.6%ىنى ئىگىلەيدۇ، جىلغىلار ئارىسىدىكى تۈزلەڭلىك ئاران 12.5% بولۇپ، ئادەتتە «ئالتە تاغ، ئۈچ ساھىل، بىر ئۇلۇش يەر» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ جاي تېخى بۇلتۇرلا «نامراتلىق قالپىقى»نى ئېلىۋەتكەن. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۈچتۇرپان ناھىيەسى سوغۇققا، قۇرغاقچىلىققا، شورغا چىداملىق جىغاننى كۆلەملەشتۈرۈپ تىكىپ، كۆلەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بەرپا قىلىشنى قارار قىلدى.

ئۈچتۇرپان ناھىيەلىك ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچى خادىمى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ يىلدىن باشلاپ 2022 - يىلغىچە، ناھىيە ئۈچ يىل ئىچىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 150 مىڭ مو، 100 مىڭ مو، 150 مىڭ مو جىغان تىكىشنى پىلانلىدى، بۇنىڭغا 2007 - يىلدىن باشلاپ ئۈزلۈكسىز تىكىلگەن جىغاننى قوشقاندا، ئۈچ يىلدىن كېيىن، پۈتۈن ناھىيەنىڭ سۈنئىي ئۇسۇلدا تىكىلگەن جىغان كۆلىمى 500 مىڭ موغا يېقىنلىشىدۇ.

خۇددى تۇرغۇن ئېيتقاندەك، ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ توشقان دەرياسى ۋادىسىدا 100 مىڭ مو ياۋا جىغانلىق بار، 2004 - يىلى، ئۈچتۇرپان ناھىيەسىگە دۆلەت ئورمانچىلىق تارماقلىرى «جۇڭگو جىغان ماكانى» دېگەن نامنى بەرگەن.

بىراق، ياۋا جىغان سۈيى مول دەريا ۋادىسىدا ئۆسىدۇ، ئەمما سۈنئىي جىغان ئورمىنىنى قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن چۆللۈكتە بەرپا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

«جىغاننى دەسلەپكى ئىككى يىلدا سۇغىرىش ئىنتايىن مۇھىم، ناھىيە ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق، يېزا ئىگىلىكى، سۇچىلىق قاتارلىق كۆپ تارماقنىڭ تۈرىنى بىرلەشتۈرۈپ، سۇغىرىش ئۆستەڭلىرىنى ياساپ، مۇزلۇقلاردىن ئېرىگەن سۇنى باشلاپ، يەنە تېمىتىپ سۇغىرىش ياكى پۈركۈتۈپ سۇغىرىشنىڭ ياردىمى بىلەن، چۆل، تاغلىق رايونلارغا تىكىلگەن جىغاننى يېتەرلىك سۇغا قاندۇردى» دېدى تۇرغۇن.

ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ پىلانىغا ئاساسەن، يېڭىدىن تىكىلگەن جىغاننىڭ ئىچىدە، دۆلەتنىڭ تۈر مەبلىغى بىلەن تىكىلگەن بىر قىسمى ئەمدىلا نامراتلىقتىن قۇتۇلغان دېھقانلاردىن تەشكىللىنىپ قۇرۇلغان ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ كۆلەملەشتۈرۈپ تىجارەت قىلىشىغا تاپشۇرۇلدى؛ كارخانىلار مەبلەغ سېلىپ تىككەن قىسمىدا ھۆكۈمەت كارخانىلارنى شۇ جايدىكى دېھقانلارنى باشقۇرۇش، پەرۋىش قىلىش، ئۈزۈش، ئىنچىكە پىششىقلاش قاتارلىق خىزمەتلەرگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىشقا پائال ئىلھاملاندۇردى.

جىغاننىڭ «ئۈچىنچى ئەۋلاد مېۋە» دېگەن نامى بار. چەت ئەل بازىرىدا ئىستېمالچىلارنىڭ كەڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا، ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى كۆزدە تۇتۇلۇپ، جىغان دۆلەت ئىچىدىمۇ بازارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ھازىر، ئۈچتۇرپان ناھىيەسىدە كۆپلىگەن جىغان پىششىقلاش كارخانىلىرى قۇرۇلۇپ، كىرگۈزۈلۈپ، جىغان ساپ شەربىتى، جىغان شەربەت ئىچىملىكى، جىغان مېيى، جىغان چېيى قاتارلىق مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىلدى ھەم جىغان تەتقىقات مەركىزى قۇرۇلۇپ، يېڭى سورتلار يېتىشتۈرۈلدى.

ئۈچ يىل ئىلگىرى، شەندۇڭلۇق سودىگەر ياڭ رېچياڭ ئۈچتۇرپان ناھىيەسىدە جىغاننى ئىنچىكە پىششىقلاش كارخانىسى قۇرغانىدى. ئۇ يەر ھۆددىگە ئېلىپ كۆچەت تىكىپ، مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇرۇپ، جىغان مېۋىسىدىن شەربەت ئىشلىدى، جىغان يوپۇرمىقىدىن چاي ياسىدى، جىغان ئۇرۇقىدىن ماي چىقاردى.

گەرچە يېڭى قۇرۇلغان ئىشلەپچىقىرىش سېخىنىڭ قىسمەن ئۈسكۈنىلىرى تېخى ئەمەلىيلەشمىگەن بولسىمۇ، ئەمما 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ياڭ رېچياڭ نەچچە مىليون يۈەنلىك مەھسۇلات زاكازى ئالدى، ئۇنىڭ بىردىنبىر ئەنسىرەيدىغىنى جىغاننىڭ تىكىلىش كۆلىمى ئىدى. «يالغۇز بىزنىڭ بىر كارخانىمىزلا ھەر يىلى 50 مىڭ مو يەردىكى جىغانغا تايانسا، ئاندىن نورمىغا يەتكۈزۈپ ئىشلەپچىقىرالايدۇ. پەقەت جىغان ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتقاندىلا، ئاندىن كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ‹تويۇنماسلىق› مەسىلىسىنى ھەقىقىي ھەل قىلىپ، دېھقانلار، ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى ۋە كارخانىلارغا تېخىمۇ زور ئۈنۈم ئېلىپ كەلگىلى بولىدۇ».

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئالاقىدار پىلان بويىچە، ئاپتونوم رايونىمىز ئۈرۈمچىنى يادرو قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭدا 5G تېخنىكىسىنى قوللىنىشقا تۈرتكە بولىدۇ، سانائەت، ساياھەتچىلىكتە 5G تورىنى باشلامچىلىق بىلەن بەرپا قىلىدۇ ھەم قوللىنىدۇ، ھەم 5G تېخنىكىسىنىڭ قوللىنىش ئورنى ۋە قوللىنىش ساھەسىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق، تەدرىجىي ئومۇملاشتۇرۇش شەكلىدە 5G تورىنى پۈتۈن شىنجاڭدا بەرپا قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، رەقەملىك ئىقتىساد يېڭى كەسپى، يېڭى كەسىپ ھالىتىنى پائال يېتىلدۈردۇ.

بۇ يىل، ئۈچ ئاساسىي تېلېگراف كارخانىسىنىڭ شىنجاڭدا مۇشۇ يىلدىكى 5G ئاساسىي پونكىتىدىن 4010نى قۇرۇشى تەستىقلاندى، ھازىر، ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلۇش باشلىنىپ، 5G تورى قۇرۇلۇشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولماقتا. كېلەر يىلى ئاپتونوم رايونىمىز 5G تورى قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقىنى داۋاملىق زورايتىپ، يىل ئاخىرىدا بارلىق ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەرلەرنى 5G تورى بىلەن قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، «پايدىلانغىلى بولۇش، پايدىلىنالايدىغان بولۇش، ياخشى پايدىلانغىلى بولۇش»نى چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئۇچۇر - خەۋەرلىشىش كەسپىدە ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، تور سىغىمىنى كېڭەيتىش، ئەلالاشتۇرۇش، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، مەھسۇلات تەتقىق قىلىپ ئېچىش، كېڭەيتىش ۋە يۈرۈشلۈك مۇلازىمەت ھەققىنى تۆۋەنلىتىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى سىجىل قانات يايدۇردى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ خەۋەرلىشىش ئېھتىياجى بىر قەدەر ياخشى قاندۇرۇلدى. 2019 - يىلى كەڭ بەلباغلىق تورنىڭ قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ شىخشۇ يېزىسى راسكام كەنتىگە تۇتاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە بارلىق ئېغىر نامرات كەنتلەرنىڭ ھەممىسىگە كەڭ بەلباغلىق تور تۇتاشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەمۇرىي كەنتلەرنىڭ كەڭ بەلباغلىق تور بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 99%كە يەتتى.




## ياۋ نيەنشۈ: ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە جان - دىل بىلەن ئىشلىگەن «سۈرلۈك» جېڭۋېي

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ تېلېگراممىسى** (مۇخبىرلار جاڭ شۈەنجيې، لى بىڭفېڭ) ئېگىزلىكتە مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان راكېتا ئارمىيەسى مەلۇم بازىسىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى شارائىتى جاپالىق مۇھىتتا، باشتىن - ئاخىر «سۈرلۈك» جېڭۋېي دەپ تەرىپلىنىدىغان ياۋ نيەنشۈنى ئۈلگە قىلىپ، ھايات بولسىلا كۈرەشنى توختاتماسلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرى تاپشۇرغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدى.

ياۋ نيەنشۈ شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جۈيې ناھىيەسىدىن، 1969 - يىلى 2 - ئايدا ھەربىي سەپكە كىرگەن، جەڭچى، پەيجاڭ، جىداۋيۈەن، سىياسىي باشقارمىنىڭ مۇدىرى، جېڭۋېي قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئالتە قېتىم يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن تەرىپىدىن «پاك - دۇرۇس بولۇشتىكى ئۈلگار شەخس» بولۇپ باھالانغان، بىر قېتىم 2 - دەرىجىلىك، ئۈچ قېتىم 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىنغان. 1994 - يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 100 «خەلقنىڭ ياخشى چاكىرى» ۋە پۈتۈن ئارمىيە بويىچە «ئون چوڭ چاكار» بولۇپ باھالانغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەملىكەتلىك 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 10 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان. 2006 - يىلى كېسەل سەۋەبىدىن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ۋاپات بولغان، شۇ يىلى 57 ياشتا ئىدى.

ياۋ نيەنشۈ ئارمىيەمىزنىڭ ئىدىيە، سىياسىي خىزمەت سېپىدە بارلىققا كەلگەن ئىلغار تىپ، ئۇ پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى قەتئىي بوشاشماي ئۆگىنىپ، ئىگىلەپ ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئادىدىي ھېسسىياتىنى پارتىيەگە سادىق بولۇش، پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇشتىكى سىياسىي ئېتىقادقا يۈكسەلدۈرگەن. كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئۇ باشتىن - ئاخىر كىتاب ئوقۇپ ئۆگىنىشتەك ياخشى ئادەتنى ساقلاپ، «ئەمەلىي تېما ئارقىلىق ئۆگىنىشكە يېتەكچىلىك قىلىش، مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش؛ تارقاق ئۆگەنگەندە كىتاب ئوقۇشنى ئاساس قىلىش، كوللېكتىپ ئۆگەنگەندە مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشنى ئاساس قىلىش»تەك پارتىيە كومىتېتى مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆگىنىش ئەندىزىسىگە پائال تۈرتكە بولغان. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىشخانىسىدا قېپقالغان شەخسىي بۇيۇملىرى 33 كىتاب ئوقۇش خاتىرىسى، 17 گېزىتتىكى ماقالىلەرنى كېسىپ چاپلاش دەپتىرى ۋە بىر ئايلىق مائاشى ئىدى، بەختەتەر ئىشكاپىغا ئۇ تۇەن جېڭۋېيى بولغان چېغىدا جەڭچىلەر بىلەن بىللە قۇرۇلۇش ئورنىدا تاماق يەپ تۇرۇپ چۈشكەن بىر پارچە سۈرەت، ئۇ يازغان بىر پارچە نەزەرىيە ماقالىسى قويۇلغانىدى.

ئېگىزلىكتىكى قىسىمدا ۋەزىپە ئۆتىگەندىن كېيىن، ياۋ نيەنشۈ ئالدىنقى قاتاردىكى ئۆلچەم بويىچە قۇرۇلۇش قىلىشتا، قىسىمنى يېتەكلەشتە چىڭ تۇرۇپ، كوماندىر - جەڭچىلەرنى يېتەكلەپ «تۇرۇۋاتقان ئورۇن دېگىنىز يۈزىدىن ئېگىز بولسىمۇ، خىزمەت ئۆلچىمىنى ئۆزگەندىنمۇ يۇقىرى قىلىش؛ ئوكسىگېن ئاز بولسىمۇ، ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى ئاجىزلاشتۇرماسلىق؛ مۇھىت جاپالىق بولسىمۇ، تېخىمۇ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، كۈننى بىكار ئۆتكۈزمەسلىك» روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، «مېنىڭ خىزمەت ئورنۇمدىن خاتىرجەم بولۇڭ، مېنىڭ خىزمەت ئورنۇمدا خاتالىق كۆرۈلمەيدۇ» دېگەن شوئارنى ياڭرىتىپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرستىشنى كونكرېت خىزمەتتە گەۋدىلەندۈرگەن.

تۇەن جېڭۋېيى بولغاندا، ئۇ يېتەكلىگەن تۇەن ئۇدا نەچچە يىل كۆپ قېتىم «خەتەرلىك، قىيىن، جىددىي، ئېغىر» قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ، ئىلگىرىكى 2 - توپچىلار قىسمىنىڭ قۇرۇلۇش رېكورتىنى ئىككى قېتىم يېڭىلىغان، ئۇدا تۆت يىل ئىلگىرىكى 2 - توپچىلار قىسمى تەرىپىدىن «دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن» دەپ باھالانغان، «دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگىلىك تۇەن» بولۇپ تىكلەنگەن. بازا جېڭۋېيى بولغاندا، بازا ۋە لۇ، تۇەن ئىككى دەرىجىلىك ئورگاندا بىر گەۋدىلەشكەن ئۆزۈش قىلىش ۋە مەشىق قىلىش تەتقىقاتىنى ئالدىن قانات يايدۇرۇپ، بازا ۋە ھەرقايسى لۇ، تۇەندىلەردە ھەربىي كۈرەش تەييارلىقىدىكى سىياسىي خىزمەت لايىھەسى ۋە سىياسىي خىزمەت ئۇچۇر ئامبىرىنى قۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغان، ھەر يىلى بازىدا ھەربىي كۈرەش تەييارلىقىدىكى سىياسىي خىزمەت سۆھبەت يىغىنى ئېچىشنى تەشكىللىگەن، ئىلگىرىكى 2 - توپچىلار قىسمىدا پىسخىكا مۇداپىئەسى ئۆزۈش قىلىش مانېۋىرىنى بىرقەدەر بالدۇر قانات يايدۇرغان.

ياۋ نيەنشۈ كوماندىر - جەڭچىلەر بىردەك ئېتىراپ قىلغان «سۈرلۈك» جېڭۋېي. كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ئەسكەرلەرنىڭ ئوقۇشقا كىرىشى ۋە تاللاپ شىگۋەنلىككە كۆرستىش، پارتىيەگە كىرىش، كەسىپ ئالماشتۇرۇش قاتارلىق سەزگۈر مەسىلىلەردە، ھەر قانداق كىشىگە بىر قېتىممۇ ئالدىن خەۋەر قىلمىغان. ئۇ كاماندىروپكىغا چىققاندا دائىم بىر قاچا چۆپ ياكى قوي گۆشى شورپىسى بىلەنلا قورسىقىنى تويغۇزاتتى، ئۆيىدە ياخشىراق ئۆي جاھازلىرى ۋە سەرەمجان يوق ئىدى. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا خوتۇنىغا مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ مىراس قالدۇرغۇدەك مال - مۈلكۈم يوق، بىر ئۆمۈر پاك ئۆتتۈم، مەن ئەڭ يۈز كېلەلمەيدىغان ئادەم سىز».

ياۋ نيەنشۈ بارلىق كۈچ - قۇۋۋىتى ۋە زېھنىنى باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئىشلىرىغا بېغىشلىغان، ئاخىر چارچاپ خىزمەت ئورنىدا يىقىلغان. ئۇ ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە، يەنە ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن بازا رەھبەرلىرىدىن: «2 - توپچىلار قىسمىنىڭ ھەربىي مەشىق يىغىنىنى قانداق ئاچتىڭلار؟ بازىنىڭ بىرقانچە دوكلات تۈرى كۆرسەتمىسى قانداق بولدى؟» دەپ سورىغان.

## ئۆچمەس ئابىدىلەردە ئەكس ئەتكەن سادىقلىق ۋە باتۇرلۇق

### —— ھايتىدا قۇربان بولغان سەككىز نەپەر جۇڭگو تىنچلىق ساقلاش ساقچىسىنى مەڭگۈ ياد ئېتىمىز

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ تېلېگراممىسى** (مۇخبىرلار شيۇڭ فېڭ، ۋاڭ يەن) سائەت ئىسترېلكىسى ئون يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتقا قايتۇرۇلدى، 2010 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى سەھەر سائەت 5تىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى قوماندانلىق مەركىزى مۇنداق خەۋەرنى تاپشۇرۇۋالدى: ھايتىدا كۈچلۈك يەر تەۋرەپ، پايتەخت پورت - ئوپرىنسقا جايلاشقان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ھايتىدا تۇرۇشلۇق مۇقىملىق خاس ئۆمىكىنىڭ باش ئىشتاب بىناسى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، بىنادا يىغىن ئېچىۋاتقان بىز تەرەپنىڭ سەككىز نەپەر تىنچلىق ساقلاش ئەترىتىنىڭ ئەزاسى بىلەن بولغان ئالاقە پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالدى.

بەختسىزلىك خەۋىرى ناھايىتى تېزلا تارقالدى: ھايتىدا خەلقئارا تىنچلىق ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقان سەككىز نەپەر جۇڭگو ساقچىسىنىڭ ھەممىسى يەر تەۋرەشتە تالاپەتكە ئۇچرىدى.

1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، سەككىز نەپەر ئىنقىلابىي قۇربانىڭ جەسەت ساندۇقى مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ۋەتەنگە قايتۇرۇپ كېلىندى.

سادىقلىقنى قەلبىگە پۈكۈپ، بۇرچ، مۇھىم تاپشۇرۇقنى زىممىسىگە ئالغان ئۇلار تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا تاماملاپ، ھاياتى ئارقىلىق تىنچلىق ساقلاش ئۆتكۈر شەمشىرىنى تاۋلىدى. ئون يىل ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى، بىز يېقىملىق، قەدىرلىك بۇ سەككىز سەپدىشىمىزنى ئەزەلدىن ئۇنتۇپ قالمىدۇق ——



جۇ شياۋپىڭنىڭ سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان



گو باۋشەننىڭ سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان



ۋاڭ شۇلىننىڭ سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان



لى شياۋمىڭنىڭ سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان



جاۋ خۇايۇنىڭ سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان



لى چىننىڭ سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان



خې جىخۇڭنىڭ سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان



جۇڭ جيەنچىننىڭ سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

جۇ شياۋپىڭ، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى قورال - ياراغ مالىيە ئىدارىسىنىڭ سابىق ئىدارە باشلىقى، ئۇزاقتىن بۇيان ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلىگەنلىكتىن، ھاردۇق يېتىپ ئاغرىقچان بولۇپ قېلىپ، يۈرىكىگە تىرەك سالغۇزغانىدى. 2003 - يىلى قىشتا، ئۇ بۇيرۇققا بىنائەن جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان مەزگىلدە، قەھرىتان سوغۇققا قارىماي، قار - شىۋىرغانغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۈچ ئايدا 30 مىڭ كىلومېتىرغا يېقىن مۇساپىنى بېسىپ، شىنجاڭدىكى بارلىق ۋىلايەت، شەھەر، ئوبلاست ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەندىكى ئون شىنى ئايلىنىپ چىقىپ، 43 ناھىيە دەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى، 11 جامائەت خەۋپسىزلىكى چېگرا مۇداپىئە تارماق ئەترىتى ۋە 112 ئاساسىي قاتلام ساقچىخانىسى، ساقچى ئەترىتىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، شۇ جاينىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قارىتا چوڭقۇر، ئىنچىكە ھەيدەكچىلىك قىلغان، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان.

گو باۋشەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى خەلقئارا ھەمكارلىق ئىدارىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى. پېنسىيەگە چىقىشقا ئاز قالغان بولسىمۇ، ئۇ بوشىشىپ قالماي، ئەڭ ئاخىرقى بىر نۆۋەتلىك قاراۋۇللۇقتا ياخشى تۇرىمەن، دېگەن. بۇ قېتىم ھايتىغا بېرىشتىن ئىلگىرى، ئۇ بۇ قوشۇنغا ياخشى مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ۋەزىپە رايونىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇ دائىم نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرۈپ، تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلغان.

ۋاڭ شۇلىن، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى قورال - ياراغ مالىيە ئىدارىسىنىڭ سابىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى قورال - ياراغ سېپىدە توپتوغرا 30 يىل ئىشلىگەن بولۇپ، مەيلى تەتقىق قىلىپ ئېچىش، قورال - ياراغ تەرتىپىگە كىرگۈزۈش، كېڭەيتىش، تەربىيەلەش ياكى ئىسكىلاتتا ساقلاش قاتارلىق كەسپلەر بولسۇن ھەممىسىگە پىششىق بولۇپ، جامائەت خەۋپسىزلىك سىستېمىسىنىڭ زامانىۋىلاشقان قورال - ياراغ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان. بۇ قېتىم ھايتىغا بېرىپ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا، رەھبەرلەر ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئۇزاق مۇساپىلىك ئايروپىلاندا ئۇچۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەسلىكىدىن ئەندىشە قىلغاندا، ئۇ كەسكىنلىك بىلەن: «تەشكىل ماڭا ئىشەنگەن ئىكەن، مەن بارىمەن» دېگەن.

لى شياۋمىڭ، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى خەلقئارا ھەمكارلىق ئىدارىسى تىنچلىق ساقلاش ساقچىلىرى خىزمىتى باشقارمىسىنىڭ سابىق مۇدىر دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى، ئەينى چاغدا بىزنىڭ شەرقىي تىمورغا بارغان 3 - تۈركۈمدىكى تىنچلىق ساقلاش ساقچىلىرىمىز ئىچىدىكى بىر ئەزا بولۇپ، سالاھىيىتى تىنچلىق ساقلاش ساقچى ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى ئىدى. ئەينى چاغدا، ئۇ ئەمدىلا 26 ياشقا كىرگەنىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، لى شياۋمىڭ پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە تىنچلىق ساقلاش ساقچىلىرىنى تاللاش ئىمتىھانىدا، كۆزگە كۆرۈنگەن ئىنگلىزچە سەۋىيەسى ۋە ساقچى ئىشلىرى ماھارىتى بىلەن رەھبەرلەر ۋە ئىمتىھان ئالغۇچىلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان.

جاۋ خۇايۇ، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى ساقچى ئىشلىرى كاپالەت ئىدارىسى ھۆكۈمەت سېتىۋېلىش خىزمىتى باشقارمىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى. بىر قېتىملىق ئۈسكۈنە توختاملىشىش سۆھبىتىدە، ئارقا كۆرۈنۈشى ئالاھىدە بولغان بىر شىركەت يوغان گەپ قىلىپ: «قالدۇق ساندا باھا تالاشماڭلار، مەن 8000 يۈەن خەجلەپ سىلەرنى ئوبدان بىر مېھمان قىلاي» دېگەن. جاۋ خۇايۇ ئورۇنلۇق ۋە كەسكىن سۆز قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مەن بىر قاچا چۆپنى ئاران ئالتە يۈەنگە يەيمەن، كۆڭلۈم ئارام تاپىدۇ، خاتىرجەم يۈرىمەن.» بۇ قېتىمقى سۆھبەتتە ئۇ دۆلەت ئۈچۈن 250 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇل تېجەپ بەرگەن.

لى چىن، يۈننەن ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى سىلىڭبۇسىنىڭ سابىق سەنموۋجاڭى، ئىلگىرى ئۇزاق يىل زەھەر چەكلەش بىرىنچى سېپىدە كۈرەش قىلىپ، كۆپ قېتىملىق زەھەر چوڭ دېلولىرىنى پاش قىلىشنى تەشكىللىگەن. 2005 - يىلى 11 - ئايدا، ئۇ مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىنى باشلاپ بىرمىغا 1000 چاقىرىم ئىز قوغلاپ بېرىپ، خەلقئارالىق چوڭ زەھەر ئەتكەسچىسى خەن يۇڭۋەننى تۇتۇپ كېلىپ، 700 كىلوگىرامدىن ئارتۇق خىروئىن ۋە زور تۈركۈم قورال - ياراغ، ئوق - دورىنى قولغا چۈشۈرۈپ، شەرەپ بىلەن 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن.

خې جىخۇڭ، يۈننەن ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى كۇنمىڭ چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتى ۋەزىپە ئىجرا قىلىش كەسپىي 2 - بۆلۈمىنىڭ سابىق سىياسىي جىياۋداۋيۈەنى. ئالاقە ئەمەلدارى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ ھەر قېتىملىق تاشقى ئىشلار پائالىيىتىدە جۇڭگو تىنچلىق ساقلاش ساقچىلىرىنىڭ كەسپىي ساپاسىنى تولۇق نامايان قىلىپ، تىنچلىق ساقلاش كەسپداشلىرى ئارىسىدا بىرقەدەر يۇقىرى نوپۇزغا ئېرىشكەن. «چەكسىز دۇنيادا مەن بىر تال پەي بولۇشۇم مۇمكىن، لېكىن مەنمۇ پەي بولۇش شەكلى بىلەن تىنچلىق ئارزۇسىنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم.» بۇ ئۇنىڭ ھايات چېغىدىكى ئارزۇسى، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ تىنچلىققا بولغان ۋەدىسى ئىدى.

جۇڭ جيەنچىن، يۈننەن ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى سىياسىي بۆلۈمى تەشۋىقات مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ سابىق ئىش بېجىرگۈچىسى. 6 - تارماق تىنچلىق ساقلاش ساقچىلىرى زوراۋانلىقتىن مۇداپىئەلىنىش ئەترىتى ھايتىدا تۇرغان سەككىز ئاي مەزگىلدە، ئۇ مەركەز، ئۆلكە، شەھەرلەردىكى تاراتقۇلارغا جەمئىي 286 پارچە خەۋەر يوللىغان، بۇنىڭ ئىچىدە تېلېۋىزىيە مەخسۇس فىلىمىدىن 14ى قويۇلغان. ئۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ سىماسىنى سۈرەتكە ئالغان بولسىمۇ، بىراق ئۆز قولى بىلەن قىزىنىڭ كۈلۈپ تۇرغان چېھرىنى سۈرەتكە ئېلىپ باقمىغان، ھەتتا بىر قېتىممۇ بالىسىنىڭ يۈزىنى ئۆز قولى بىلەن سىلاپ باقمىغان بولۇپ، قىزى تۇغۇلغاندىن كېيىنكى 210 - كۈنى مەڭگۈلۈك ۋىدالاشقان.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تىنچلىق ساقلاش ھەرىكىتىنىڭ قەتئىي قوللىغۇچىسى ۋە ئاكتىپ قاتناشقۇچىسى بولۇش سۈپىتىدە، قان بىلەن ئوت ئىچىدە تاۋلىنىش، ھايات - ماماتلىق سىناق ئالدىدا، جۇڭگو تىنچلىق ساقلاش ساقچىلىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يۈكلىگەن تۈرلۈك ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، ۋەزىپە رايونىدا جەمئىيەت تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، قەھرىمانە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن تۇرۇشلۇق دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى، مۇقىملىقىنى قوغداپ، ئۇرۇش مالىمانچىلىقىغا ئۇچرىغان ئاشۇ دۆلەتلەرنىڭ تىنچلىقى، قايتا قۇرۇلۇشى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشتى.

سەپداشلار جەزمەن قەھرىمانلار، قۇربانلار جان پىدا قىلغان شەرەپلىك ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، قەھرىمانلار، قۇربانلار ياندۇرغان غايە مەشئىلىنى چاقنىتىپ، چەكسىز سادىقلىق ۋە قىزغىن دادىللىقى بىلەن، جۇڭگو دۆلەت تىنچلىق ساقلاش ئىشلىرىغا ئاتلىنىپ، ھەر ۋاقىت دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن يەنە يېڭى تۆھپە قوشۇشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرماقتا.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)